رەھىم يۈسۈپ

# تاللانغان نۇتۇق تېكىستلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

رەھىم يۈسۈپ

# تاللانغان نۇتۇق تېكىستلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر : دولقۇن قادىر
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىگۈل ئىبراھىم

# تاللانغان نۇتۇق تېكىستلىرى

رەھىم يۈسۈپ


**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى

**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010

**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى

**نەشرى** : 2006 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

**بېسىلىشى** : 2006 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم

**باسما تاۋىقى** : 6. 125

**سانى** : 0001 ـ 2000

**باھاسى** : 10.00 يۈەن



# نەشرىياتتىن

رەھىم يۈسۈپ 1952-يىلى تۇغۇلغان. 1972-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1975-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

رەھىم يۈسۈپ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىلدىن بېرى 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، 150 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسىرى، 100 پارچىغا يېقىن تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئۆلكە ۋە ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1994-يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان.

ئۇنىڭ «ماركسىزملىق پەلسەپىدىن قىسقىچە سوئال-جاۋابلار»، «پەلسەپە ئۆگەنگۈچىلەرگە ياردەم»، «پەلسەپىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» (خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيىسى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە، باشقىلار بىلەن)، «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» (خەنزۇچە)، «نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، «ئەمەلىي نۇتۇق قوللانمىسى»، «نوپۇس نەزەرىيىسى ھەققىدە ساۋات» ناملىق سىياسىي نەزەرىيىگە دائىر كىتابلىرى، «تەپەككۇر دېڭىزىدىن تامچىلار» ناملىق نەسىرلەر توپلىمى، «خەلقئارا پوچىلار قۇرۇلتىيى»، «خوتۇنىدىن قورقمايدىغان ئادەم» (كۈلدۈرگىلەر)،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

«باللار كۈلدۈرگىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق كۈلدۈرگىلىرى» قاتارلىق كۈلدۈرگىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «سىياسىي ئىقتىساد لۇغىتى» (ئۈچ توملۇق. باشقىلار بىلەن بىرگە)، «130 پەننىي ئويۇن» (ياسىن ھۆسەن بىلەن)، «شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىلىم» (باشقىلار بىلەن)، «ھازىرقى زامان ئىنگلىك باشقۇرۇشقا دائىر ھېكمەتلىك سۆزلەر»، «چەت ئەل يۇمۇرلىرى»، «تەنتەربىيىگە دائىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل يۇمۇرلىرى»، «تەنتەربىيە ۋە سالامەتلىككە دائىر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ماقال-تەمسىللىرى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

رەھىم يۇسۇپ يۇقىرىقىدەك ئەمگەكلىرى بىلەن «جۇڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر ياشلار قامۇسى»، «جۇڭگو ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى لۇغىتى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار قامۇسى» قاتارلىق نوپۇزلۇق لۇغەتلەردىن ئورۇن ئالدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ لىشىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، كورىيە دۆلەتلىك نەنشەن سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى.

# ئاپتوردىن

نۇتۇق بىر خىل پەن ۋە سەنئەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسقېتىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر خىل مۇھىم قورال ۋە بايلىق. نۇتۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ ”سۆز قابىلىيەت (نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى)، ئامېرىكا دوللىرى، ئېلېكترونلۇق مېڭە (ياكى ماشىنا ئادەم) دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۈچ مۇھىم ستراتېگىيىلىك قورال ۋە ئەڭگۈشتەر“ دېگەن ھۆكۈمى ئىچىدە ”سۆز قابىلىيەت“نى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىدىنمۇ كۆرۈپ ئالالايمىز. بىزگە مەلۇمكى، نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى- ھازىرقى زامان كىشىلىرى جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك قابىلىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇنداق قابىلىيەت بولمىسا، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ياخشى ماسلاشقىلى بولمايدۇ. گەرچە ھازىرغا قەدەر نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر مەخسۇس نەزەرىيىۋى كىتابلار ئاز-تولا نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، قولغا ئېلىپلا دەرھال ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئۈلگىلىك نۇتۇق تېكىستلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئۆرپ-ئادەت ۋە تىل ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان، ئۇيغۇر ئاپتور يازغان بىرەرمۇ نۇتۇق تېكىستلىرى توپلىمى ھازىرغا قەدەر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. مەن مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق يۇقىرى سۈپەتلىك نادىر نۇتۇق تېكىستلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئۆزۈم يازغان

ۋە سۆزلىگەن نەچچە يۈز پارچە نۇتۇق تېكىستلىرى ئىچىدىن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، خاتىرە كۈنلەر، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق سەككىز چوڭ ساھە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان 80گە يېقىن نۇتۇق تېكىستىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا ئىش قوشۇش، ماس كېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىقتىم. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن نۇتۇق تېكىستلىرىنى توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، دەرس مۇنبىرى، تەبرىكلەش، خاتىرىلەش، قارشى ئېلىش، ئۇزىتىش، خوشلىشىش، سەپەرۋەر قىلىش، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ.

جاپالىق ئىزدىنىشىم بەدىلىگە پۈتكەن بۇ كىچىككىنە كىتابىمغا كۆپ ئەجرىم سىڭگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا ئۈلگە قىلغىدەك بىرەر توپلام نەشر قىلىنمىغاچقا، بەزى نۇقسانلارغا يول قويمىدىم دېيەلمەيمەن. شۇڭا، كەڭ كىتابخانلارنىڭ سەمىمىي تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

**سىياسىي نۇتۇقلار** ...... 1
يېڭى سايلانغان ھاكىمنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇناسىۋىتى
بىلەن سۆزلىگەن سۆزى ...... 1
يېزا باشلىقىنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ...... 3
ياش كادىرلار يىغىنىدا تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى 5
”كىشىلىك ھايات“ تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش
پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ... 7
پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش يىغىنىدا ياچېيكا شۇجىسىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ...... 9
”غايە ـ ئېتىقاد“ تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىدا
سۆزلىگەن سۆز ...... 10

**ئىقتىسادقا دائىر نۇتۇقلار** ...... 12
نەسرىدىن ئەپەندى رېستورانىنىڭ تىجارەت باشلاش مۇراسىمىغا
رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 12
×× رېستورانىنىڭ تىجارەت باشلاش مۇراسىمىدا رىياسەتچىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ...... 14

**مەدەنىيەت ـ مائارىپ توغرىسىدا نۇتۇقلار** ...... 15
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .. 15
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ... 16
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن

سۆزى (1) .......................................... 18
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى (2) .......................................... 19
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئائىلە باشلىقلىرى ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى.................................................. 21
ئائىلە باشلىقلىرى يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ... 21
ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ................................................ 23
يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا كونا ئوقۇغۇچىلار
ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................ 25
يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ۋەزىپە
تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ................. 27
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ × × يىللىقىنى
تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ..................... 29
ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .. 30
"پۇرسەت" تېمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدا
رەھبىرى يولداشنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ..................... 31
كىتاب ئوقۇش مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز ............ 33
نۇتۇقشۇناسلىق دەرسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن
سۆزلەنگەن سۆز .......................................... 34
نۇتۇق سۆزلەش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن
سۆز................................................... 35
سىنىپ كادىرلىرىنى سايلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 36
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئارقا سەپ خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ... 39
خوشلىشىش يىغىنىدا سىنىپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .. 40
دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلار يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز .... 42
چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققۇچىلارنى ئۇزىتىش زىياپىتىدە

رەھبىرى يولداشنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 44
ئىئانە توپلاش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ...... 45
ئۆگىنىش قىزغىنلىقى توغرىسىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن ......
سۆزى ...... 47
كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سەپەرۋەرلىك
يىغىنىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 49
پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىستېپا بېرىش نۇتقى ...... 51
چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈش
مۇراسىمىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 53
يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇتقۇچى،
ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە
رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى ...... 56

**تەنتەربىيە توغرىسىدا نۇتۇقلار** ...... 58
يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئالدىدا مەسئۇل
كىشىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرگە سۆزلىگەن سۆزى ...... 58
ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئالدىدا سىنىپ
مۇدىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرگە سۆزلىگەن سۆزى ...... 59
خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مەكتەپ
رەھبەرلىكىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 60

**خاتىرە كۈنلەرگە دائىر نۇتۇقلار** ...... 61
«شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ ئون ياشقا
كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 61
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش
يىغىنىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 63



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

"4 - ماي" ھەرىكىتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى
بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدا رەھبەرلىكنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ........................ 64
توغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن
ئولتۇرۇشتا رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ............ 66

**ھېيت - بايرام نۇتۇقلىرى ........................ 68**

يېڭى يىل بايرىمىدا زاۋۇت رەھبەرلىكىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى . 68
يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيىتىدە مەكتەپ باشلىقىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ......... 70
يېڭى يىل بايرىمىدا شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى
........................................ 72
نورۇز بايرىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (1).... 73
نورۇز بايرىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (2).... 74
قۇربان ھېيت پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ........................ 75
"8 - مارت" خەلقئارا ئاياللار بايرىمىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ........................................ 76
"8 - مارت" ئاياللار بايرىمىدا ئاياللار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى.... 78
خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ..... 79
"1 - ماي" خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ئىشچىلار ۋەكىلىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ........................ 81
"4 - ماي" ياشلار بايرىمىدا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .. 82
"4 - ماي" ياشلار بايرىمىدا ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋەكىلىنىڭ
سۆزلىگەن سۆزى ........................ 83
"خەلقئارا بالىلار بايرىمى"دا رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ........................................ 84

”1 ـ ئىيون“ باللار بايرىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ 85
”1 ـ ئىيون“ خەلقئارا باللار بايرىمىدا ئائىلە باشلىقلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ 86
”1 ـ ماي“ خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ھارپىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ 87
”ياشانغانلار بايرىمى“دا ھاكىمنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ 89
زاۋۇت باشلىقىنىڭ ”ياشانغانلار بايرىمى“دا سۆزلىگەن سۆزى.. 90
دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى.. 91
دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە رەھبەرلىكنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ 93

**توي ـ تۆكۈن نۇتۇقلىرى** ........ 94
توي مۇراسىمىدىكى رىياسەتچىنىڭ نۇتقى (1) ........ 94
قوش توي مەرىكىسىدە رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (2) .. 96
تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (3) ...... 97
تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (4) ...... 98
ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىدا رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (5) ........ 100
تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (6) ..... 101
تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (7) ..... 102
تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى (8) ..... 104
توي مۇراسىمىدا رەھبەرلىك نامىدىن سۆزلەنگەن سۆز (1) .... 105
توي مۇراسىمىدا رەھبەرلىك نامىدىن سۆزلەنگەن سۆز (2) .... 107
توي مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىدا رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........ 108
ئۆز ۋاقتىدا باشلانمىغان تويىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىدا

رىياسەتچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................ 109
بۆشۈك تۈي مەرىكىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى (1) ........................ 110
بۆشۈك تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى (2) ........................ 111
سۈننەت تويغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ........................ 112

**ئىجتىمائىي ئالاقە توغرىسىدا نۇتۇقلار** ........................ 114
ئۇزىتىش يىغىنىدا ئۇزاتقۇچىلار ۋەكىلىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ........................ 114
ئۇزىتىش يىغىنىدا ئۇزىتىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ...... 115
ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەن
سۆزى ........................ 116
يېڭى ئۆيگە كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئائىلە
زىياپىتىدە ساھىبخانىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ........................ 117

قوشۇمە

**نۇتۇق تېكىستى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىملەر**

نۇتۇق تېكىستىنى يېزىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمىتىنى
قانداق ئىشلەش كېرەك ........................ 119
نۇتۇق تېكىستىنى يېزىشنىڭ پرىنسىپلىرى توغرىسىدا ...... 124
نۇتۇق تېكىستىنىڭ بېشىنى قانداق باشلاش كېرەك ...... 130
نۇتۇق تېكىستىنىڭ ئاخىرىنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش
كېرەك ........................ 138
نۇتۇق سۆزلىگەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر
توغرىسىدا ئاقىلانە مەسلىھەت ........................ 145

**تىل ۋە نۇتۇق سەنئىتىگە دائىر ھېكمەتلىك سۆزلەر** ···· 150
تىلنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتى توغرىسىدا················ 152
تىلنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش توغرىسىدا···· 156
تىل سەنئىتى توغرىسىدا···························· 159
نۇتۇق ۋە ناتىق توغرىسىدا························· 163
نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا···· 169
نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق توغرىسىدا·· 172
نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا······················ 174
نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتى توغرىسىدا················ 175
بەس ــ مۇنازىرە توغرىسىدا························ 177
سۆھبەتلىشىش ماھارىتى توغرىسىدا·················· 180

# سىياسىي نۇتۇقلار

## يېڭى سايلانغان ھاكىمنىڭ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزى

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:

مەن ×× ناھىيىلىك ×× نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ×× سانلىق يىغىنىدا شەرەپ بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەرقايسى ۋەكىللەرنىڭ ماڭا چوڭ ئىشەنچ باغلىغانلىقىغا ۋە مېنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ×× خەلقىنىڭ ئوغلى. مەن مۇشۇ ناھىيىدە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ناھىيىدە ئەقىل تېپىپ، چوڭ بولۇپ، يەنە مۇشۇ ناھىيىدىكى خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى شەرەپلىك ۋە پەخىرلىك ھېس قىلماقتىمەن.

مەن ناھىيىمىزنىڭ بۇ باي ۋە گۈزەل تۇپرىقىنى قىزغىن سۆيىمەن. ×× مىڭدىن ئارتۇق ئىشچان، باتۇر، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق خەلقنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىمەن. مەن مېنى بېقىپ ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراققا ۋە مېنى تەربىيىلەپ، ماڭا ئەقىل

بەرگەن خەلققە پۈتۈن يۈرەك قېنىمنى تەقدىم قىلىشنى خالايمەن.

×× ناھىيىسى ئۇزاق تارىخقا ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمكى ناھىيىلەرنىڭ بىرى. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، چوڭ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىشچان ئىككى قولىغا تايىنىپ شانلىق تارىخ ياراتقان. بۇ جەرياندا قانچىلىغان خەلقپەرۋەر، ئىلغار، مەشھۇر زاتلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تارىختا قانچىلىك تۆھپە ياراتقانلىقىنى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن بۇ يەردە سىلەرگە تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۆتمۈشتىكى قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈم ×× ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ، سانسىزلىغان جاسارەتلىك ئاقىللارنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنىڭ جارى قىلىنىشىغا توسالغۇ بولغان بولسا، سوتسىيالىستىك يېڭى تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقى —— ناھىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ۋە ياخشى ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بەردى...

تارىختا مۇشۇنداقمۇ تاسادىپىي ئۇدۇل كېلىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. 1949-يىلى ×× ئاينىڭ ×× كۈنى ×× ناھىيىلىك 1-نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي × قېتىم خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپتۇ، مەن دەل ×-قېتىملىق ھاكىم بولدۇم. ھەر كىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئايان. مەن راست گەپنى قىلغاندا، ئىلگىرىكى قاراردىكى رەھبەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىلىم، قابىلىيەت، ستاژ، تەجرىبە-ساۋاق جەھەتتە ئۇلاردىن كۆپ ئارقىدا تۇرىمەن. ئەمما شۇنداقتىمۇ مەندە ×× ناھىيىسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىم بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com